# شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشىگە دائىر بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا

ئىقتىسات تەتقىقات ئىنستىتۇتىدىن        يۈرۈكچۈن

بىرەر ئۆلكە ياكى رايوننىڭ نوپۇسىنى كۆپىيىش ئىستراتېگىيىسى، ھەم شۇ ئۆلكە، شۇ رايوننىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىستراتېگىيىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، ھەم پۈتۈن مەملىكەت نوپۇسىنى كۆپىيىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭلاشقا، بىرەر ئۆلكە ياكى رايون ئۆزىنىڭ نوپۇسىنى كۆپىيىش ئىستراتېگىيىسىنى بەلگىلەشتە، ھەم شۇ ئۆلكە، شۇ رايوننىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى ۋە مۇمكىنچىلىكىنى نەزەردە تۇتۇشى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا پۈتۈن مەملىكەت نوپۇسىنى كۆپىيىش ئىستراتېگىيىسى ۋە نوپۇس سىياسىتىنىڭ يېتەكچىلىكىدىن ئايرىلماسلىقى، ھەم پۈتۈن مەملىكەتنىڭ نوپۇسىنى كۆپىيىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا تۆھپە قوشۇشى كېرەك. شىنجاڭ، ئېلىمىزنىڭ ئازسانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان چېگرا رايونى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۆزىنىڭ نوپۇسىنى كۆپىيىش ئىستراتېگىيىسىنى بەلگىلەشتە، پۈتۈن مەملىكىتىمىزنىڭ نوپۇسىنى كۆپىيىش ئىستراتېگىيىسىنى ئاساس قىلىپ، شىنجاڭنىڭ تەبىئىي شارائىتى، تارىخىي تەرەققىياتى، ئىقتىسادىي سەۋىيىسى ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكىنى كۆزدە تۇتۇشى لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتىپ، ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلالايدۇ.

## 1

نوپۇسنىڭ كۆپىيىش تارىخى بىلەن ھازىرقى ئەھۋالىنى ئىلمىي يوسۇندا تەھلىل قىلىش، نوپۇس جەھەتتىكى ئىستراتېگىيىنى بەلگىلەشنىڭ ئاساسىي چىقىش نۇقتىسى. باشقا ئۆلكە، شەھەرلەرگە سېلىشتۇرغاندا، شىنجاڭنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى گەۋدىلىكرەك.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمال چېگرا رايونىغا جايلاشقان بولۇپ، تاشقى موڭغۇلىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى، ئافغانىستان، پاكىستان، ھىندىستان قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن چېگرىداش، بۇ چېگرانىڭ ئۇزۇنلى

5300 كىلومېتىردىن ئارتۇق بولۇپ، ئېلىمىزنىڭ قۇرۇقلۇق چېگرىسى ئومۇمىي ئۇزۇن-
لىقىنىڭ تۆتتىن بىرىنى ئىگىلەيدۇ. شىنجاڭ مەملىكىتىمىزدىكى ئۆلكە، شەھەر
رايونلارنىڭ ئىچىدە يەر مەيدانى ئەڭ چوڭ رايون. ئۇ، پۈتۈن مەملىكىتىمىز تېررىتو-
رىيىسىنىڭ ئالتىدىن بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ، نوپۇسى ئاران 13 مىليوندىن
ئارتۇق، بۇ مەملىكىتىمىز ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 1.34% نى ئىگىلەيدۇ، ھەر بىر
كۋادرات كىلومېتىرغا ئوتتۇرىچە 8 دىنلا ئادەم توغرا كەلگەچكە، مەملىكىتىمىز بويىـ
چە ئاھالىنىڭ جايلىشىشى ئەڭ شالاڭ رايونلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ، شىنجاڭدا ئۇيـ
غۇر، خەنزۇ، قازاق، موڭغۇل، قىرغىز، خۇيزۇ قاتارلىق 47 مىللەت بار. شۇڭا بۇ يەنە
مەملىكىتىمىز بويىچە مىللەت تەركىبى ئەڭ كۆپ ئۆلكە، رايونلارنىڭ بىرى.

ئازاتلىقتىن ئىلگىرى، ئۇزۇن يىللار داۋام قىلغان دەھشەتلىك مىللىي ئېزىلىش
ۋە سىنىپىي زۇلۇم دەستىدىن شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى ئىنتايىن ئاستا تەرەققىي قىلغان،
ھەر مىللەت خەلقى ئۇزۇن ۋاقىت ئاچ - يالىڭاچلىق، خار - زارلىق ئىچىدە ياشىغان.
شۇ سەۋەبلىك مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى تېگىشلىك ھالدا كۆپىيەلمىگەن ئىدى.

ئازاتلىقتىن كېيىنكى 30 نەچچە يىلدىن بۇيان، پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ
پارلاق نۇرىدا ھەم ۋەتىنىمىز چوڭ ئائىلىسىنىڭ ياردىمى بىلەن، شىنجاڭنىڭ سانائەت،
يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشى زور
دەرىجىدە ياخشىلىنىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ نوپۇسىمۇ كۆرۈنەرلىك ئاشتى. 1983-
يىلدىكىنى، 1949 - يىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى 57 ھەس-
سە، يېزا ئىگىلىكى 5.4 ھەسسە، نوپۇس 2 ھەسسە ئاشتى، 1982 - يىلدىكى نو-
پۇس تەكشۈرۈشتە، ئاز سانلىق مىللەتلەر نوپۇسى 7 مىليون 795 مىڭ-
غا يەتكەنلىكى، 1949 - يىلدىكىگە قارىغاندا 94% ئېشىپ، شىنجاڭدىكى ئومۇمىي
نوپۇس ئىچىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 60% كە يېقىنلاشقانلىقى مەلۇم بولدى. بۇنىڭدا، ئۇيـ
غۇرلار 80%، قازاق 104%، موڭغۇل 125%، قىرغىز 71%، شىۋە 130%، خويـ
زۇلارنىڭ سىرتتىن كىرگەنلىرى كۆپرەك بولغاچقا 368% ئاشقان.

30 نەچچە يىلدىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ نوپۇسى، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەت-
لەرنىڭ نوپۇسى زور مىقداردا كۆپەيدى. ئومۇمەن ئېيتقاندا، بۇ ياخشى ئەھۋال، كونا
جەمئىيەتتە تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن بولمىغان ئەھۋال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىراق
بۇ كۆپىيىش 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ۋە ھەر مىللەت خەلقىگە بىر قاتار
مەسىلىلەرنى ئېلىپ كەلمەكتە. بۇ ئەھۋال شىنجاڭدا پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇپ،
نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىنى مۇۋاپىق كونترول قىلىش لازىملىقىنى، شۇنداق قىلغاندا ئاندىن
لەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرگىلى، مىللەتلەرنىڭ يەنىمۇ گۈللىنىـ
شىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

## ( 2 )

شىنجاڭدىكى نوپۇسنىڭ جايلىشىش زىچلىقىنى ئېلىپ ئېيتقاندا، ھەر بىر كۋادى رات كىلومېتىرغا ئوتتۇرىچە 8 دىنلا ئادەم توغرا كېلىدۇ، شۇڭلاشقا بۇ يېرى كەڭ ئادەمى شالاڭ دېيىشكە بولىدىغان ئەھۋال، لېكىن شىنجاڭدىكى ئاھالىلار يەر مەي دانى كىچىك بوستانلىقلارغا مەركەزلەشكەن، بۇ بوستانلىقلاردىن باشقا جايلاردا ئادەم مىزات ئىنتايىن ئاز. دېمەك، بوستانلىقلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئاھالىنىڭ جايلىشىشى خېلىلا زىچ بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر كۋادرات كىلومېتىرغا 260 دىن ئادەم توغرا كېلىدۇ، بۇ سان خوتەن بىلەن خوبېي ئىككى ئۆلكىنىڭكىدىن تېخى يۇقۇرىراق.

1949 - يىلى شىنجاڭدىكى تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 18 مىليون 140 مىڭ مو بولۇپ، كىشى بېشىغا 4.18 مو دىن توغرا كېلەتتى، كېيىن، 50 - ، 60 - يىللاردى كى زور كۆلەمدە بوز يەر ئېچىش ئارقىلىق، 1967 - يىلغا كەلگەندە، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 50 مىليون 650 مىڭ موغا يېتىپ، كىشى بېشىغا 5.8 مودىن توغرا كەل گەن. شۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىر قىسىم بوز يەر ئېچىلغان بولسىمۇ، لېكىن قوشۇل غىنىدىن كېمەيگىنى كۆپ بولغاچقا (كېمەيگىنى — شەھەر قۇرۇلۇشى قىلىش، قۇ لۇقا ئۆزگىرىپ كېتىشتەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كېمەيگەنلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالى دۇ)، ھازىرقى تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 48 مىليون موغا چۈشۈپ قالغان. مۇتلەق سان دىن قارىغاندا، 1967 - يىلدىكىدىن 2 مىليون مو يەنى 4% لا كېمەيگەن بولۇپ، بۇنى كۆپ دېگىلى بولمايدۇ. لېكىن نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى بەك تېز بولغانلىقتىن، كى شى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يەر ئازىيىپ، 3.6 موغا چۈشۈپ قالغان. دېمەك، قىس قىغىنە 16 يىل ئىچىدە 38% كېمىيىپ كەتكەن. بۇنىڭدىن مەسىلىنىڭ ئېغىرلىغى نى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ.

30 نەچچە يىلدىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ سانائەت - يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرى شىمۇ خېلى تېز تەرەققى قىلدى، لېكىن كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئاشلىقنىڭ مى قدارى تېخى مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە توغرا كېلىدىغان ئاشلىق مىقدارىغا يەتكىنى يوق، ئۆز رايونىمىزنىڭ تارىختىكى ئەڭ يۇقۇرى سەۋىيىسىگە (793 جىڭغا) تېخى يەتكىنى يوق. شىنجاڭنىڭ ئۆزۈنىڭچە ئاشلىقتا ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلىيەلمەسلىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشىغا پايدىسىز بولۇپ، سانائەت، يېزا ئى

كىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇشقا تەسىر يەتكۈزۈپلا قالماي، بەلكى شۇنچە يىراق جايلاردىن ئاشلىق يۆتكەپ كېلىش دۆلەتنىڭ سېلىقىنىمۇ ئاشۇرۇۋەتتى. 1983 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاشلىق مەھسۇلاتى زور مىقداردا ئېشىپ، ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلىدى. لېكىن بۇ تۆۋەن سەۋىيىدىكى تەمىنلەش بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن كەڭ - تاشا بولالمايدۇ. شىنجاڭ مەملىكىتىمىز بويىچە 2 - چوڭ چارۋىچىلىق رايونى. 30 مىليون تۇياقتىن ئارتۇق ھەر خىل چارۋا ماللىرى بولسىمۇ، لېكىن گۆش بىلەن تەمىنلەش، مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرىچە سەۋىيىدىن تېخىچە تۆۋەن بولغاچقا ئىچكى-رىدىن گۆش يۆتكەپ كېلىشكە توغرا كېلىۋاتىدۇ. ئاھالىنىڭ كۆپىيىشى بەك تېز بولغاچقا، مەب-لەغنىڭ چوڭلىنىشى، ئۆي - تۇرالغۇ، مائارىپ، داۋالاش، قاتناش، بولۇپمۇ ياشلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش جەھەتلىرىدە بىر قاتار قىيىنچىلىقلارنى تۇغدۇردى. مانا مۇشۇ مەسىلىلەرنى پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويماي تۇرۇپ، بىر تەرەپلىمە ھالدا، سېلىنىدى-غان مەبلەغنى ئاشۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشقىلا تايىنىپ ھەل قىلىش ناھايىتى تەس.

شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەردە تۇغۇلۇش ۋە ئۆلۈش نىسبىتى تا ھازىرغى-چە يەنىلا يۇقىرى. 1982 - يىلدىكى ئىستاتىستىكىغا قارىغاندا، تۇغۇلۇش نىسبىتى 26.48% بولۇپ، خەنزۇلارنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 12.92% تىن بىر ھەسسىدىن كۆپرەك ئارتۇق بولغان. مەملىكەتلىك 3 - قېتىملىق ئومۇميۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈشتە، 10% ئۆلگىسە ئايرىپ تەكشۈرۈلگەن ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، شىنجاڭدا تۇغۇش يېشى-دىكى ئاياللارنىڭ كۆپ تۇغۇش نىسبىتى 54.71 % بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 1 - ئورۇندا تۇرىدىكەن. لېكىن ئاز سانلىق مىللەت ئاھالىسىنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى 9.36% تەك يۇقىرى نىسبەتتە بولغاچقا، نوپۇسنىڭ كۆپىيىش نىسبىتى خەنزۇلارغا قارىغاندا ئارانلا 7.21% يۇقىرى بولماقتا. شىنجاڭدا، بىر تەرەپتىن، ھاۋاسى ئادەمگە ياقاچ-ما، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگۈچىلەر باشقا ئۆلكە، شەھەر، رايونلاردىكىدىن كۆپ؛ يەنە بىر تەرەپتىن، بوۋاق ۋە بالىلارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى يۇقىرى. مەلۇم رايوننى تەپ-سىلىي تەكشۈرگەن ئەھۋالدىن قارىغاندا، 50 ياشتىن يۇقىرى ئاياللارنىڭ تۇغۇش ئېتىم سانى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 6.4 قېتىم بولغان، لېكىن بالىلىرىنىڭ يې-رىمى دىگىدەك ۋاقىتسىز ئۆلۈپ كەتكەن. ئەگەر پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر زىچ ئولتۇراقلاشقان رايونلارنىڭ سەھىيە خىزمىتىنى ياخشىلاپ، ئۇ-لارنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى % 20 ئەتراپىغا چۈشۈرۈلسە؛ ئۆلۈش نىسبىتىنى مەملىكەت-نىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسى بولغان 6.4% كە چۈشۈرۈلۈپ، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبى-تى 15% ئەتراپىغا چۈشۈرۈلسە، كۆڭۈلدىكىدەك ئىش بولاتتى. شىنجاڭدىكى خەنزۇ-

لارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى ئاران 2.71% ، مۇنداق بولۇشتىكى بىر ئاساسىي سەۋەب، خەلق كۆپلىگەن خەنزۇ يولداشلار شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەت قىلىپ، ئاتا - ئانىلىرى ئىچكىرىدە قالدى، شۇڭلاشقا شىنجاڭدىكى خەنزۇلارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى ناھايىتى تۆۋەن، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆلۈش نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىپ شۇ رايوندىكى خەنزۇلارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتىگە تەڭلەشتۈرۈش ، قىسقا مۇددەت ئىچىدە مۇمكىن ئەمەس بىر ئىش.

سالامەتلىكتە، ئۆلۈش نىسبىتىگە تەسىر قىلىدىغان ئامىللار ناھايىتى نۇرغۇن، بۇنىڭدا ئىقتىسادنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى ۋە داۋالاش شارائىتى ئەڭ ئاساسلىق ئامىلدۇر، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاھالىسىنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ۋە ئۆلۈش نىسبىتىنىڭمۇ يۇقىرى بولۇشىنى ئاددىي ھالدا شىنجاڭنىڭ داۋالىنىش شارائىتىنىڭ ناچارلىقىدىن دېيىش ئەتراپلىق بولمايدۇ. ئىقتىسادىي جەھەتتىكى سەۋەبتىن باشقا، پەقەتلا داۋالىنىش شارائىتىدىن ئېيتقاندا، 1980 - يىلدىكى ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، پۈتۈن مەملىكىتىمىز بويىچە ھەر 10 مىڭ ئاھالىگە ئىچىدە 11.7 دىن دوختۇر بار ئىكەن، ئەندى شىنجاڭدا بولسا 16.1 دىن دوختۇر بار؛ مەملىكەت بويىچە ھەر 10 مىڭ ئادەمگە 20.2 دىن كارۋات (كېسەل كارۋىتى) توغرا كېلىدىكەن، شىنجاڭدا بولسا 36.8 دىن كارۋات توغرا كېلىدۇ (1949 - يىلى ئاران 1.6 دىن توغرا كېلەتتى)، بۇنىڭدىن شىنجاڭنىڭ داۋالىنىش شارائىتى جەھەتتىكى بۇ ئىككى ئاساسلىق تەرىپى مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن كۆپ يۇقىرى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. بۇ يەردىكى مەسىلە، دوختۇرخانىلار بىلەن داۋالاش خادىملىرى شەھەرلەر بىلەن زاۋۇت - كان رايونلىرىغا مەركەزلىشىپ قالغان، يېزىلاردا دوختۇر يېتىشمەسلىك، دارا كەمچىل بولۇش ئەھۋاللىرى تېخى پۈتۈنلەي ئۆزگەرمىگەن. ئىستاتىستىكىغا قارىغاندا، شىنجاڭدىكى سانائەت تارماقلىرىنىڭ قولىدىكى كېسەل كارۋاتلىرىنىڭ سانى، ئومۇمىي كېسەل كارۋاتلىرى سانىنىڭ 40% نى ئىگىلەيدىكەن. مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرىچە سانى 20% كە يەتمەيدۇ، ئىچكى ئۆلكىلەردە، يېزىلارنىڭ كۆپىنچىسى ناھىيە بازارلىرىغا يېقىنراق، قاتناشمۇ قولايلىق، شىنجاڭدا بولسا دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ كېسەل كۆرسىتىش ئۈچۈن ناھىيىلەرگە كىرىشى ئىچكى ئۆلكىلەردىكى دېھقانلارنىڭ ئۆلكە شەھەرلىرىگە كىرىشىدىنمۇ قىيىن . شۇڭلاشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارنىڭ داۋالاش شارائىتىنى ياخشىلاش، ئەمەلىيەتتە، ئۆلۈش نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىپ، پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەشنىڭ مەركىزىي ھالقىسى بولۇپ قالدى.

ئازاتلىقتىن بۇيان، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ياخشىلاندى. شۇنداقتىمۇ ئومۇمەن ئېيتقاندا، شىنجاڭنىڭ ھازىرقى تۇرمۇش سەۋىيىسى يەنىلا تۆۋەن، بۇنىڭدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرسى، نوپۇسنىڭ

ئېشىشى بەك تېز بولۇپ كەتتى.

شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرىچە مۇئاشى تەخمىنەن پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە مۇئاشىدىن 10% يۇقىرى بولسىمۇ، ھەر بىر ئىشچى - خىزمەتچى 2.012 دىن ئادەمنى (ئائىلە ئەزالىرىنى) باقىدۇ. بۇ سان مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سانىدىن 0.35 ئادەم يۇقىرى بولغاچقا، ئائىلە نوپۇسىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىمگە سۇندۇرغاندا، كۆپ پەرقلەنمەيدۇ. 1981 - يىلىدىكى ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىچىدە، ئائىلە نوپۇسىغا توغرا كېلىدىغان كىرىمى 20 يۈەن-دىن تۆۋەن، قىيىنچىلىقى بار ئائىلە % 2.05 نى، شىنجاڭدا % 6.28 نى ئىگىلە-يدىكەن. ئەمدى شىنجاڭنىڭ ئۆزىنىڭ ئەھۋالىدىن ئېيتقاندا، ئوخشاش رايوندا، ئائىلە كىرىمى ئوخشىشىدىغان ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىچىدە، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تۇر-مۇش سەۋىيىسى خەنزۇلارنىڭكىدىن تۆۋەن تۇرىدۇ، ھەر قايسى ئورۇنلاردىكى قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نىسبىتى جىقراق، بەزىلىرى داۋام-لىق پاراۋانلىقتىن قۇتقۇزۇشقا تايىنىپ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدە تۇرمۇش ئۆتكۈزىدۇ. بۇ-نىڭغا ئائىلىدىكى جان سانىنىڭ كۆپ بولغانلىقى سەۋەپ بولغان. بەزى ئاز سانلىق مىللەت ئايال ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ بالىسى كۆپ بولغاچقا خىزمەت قىلىشقا ئا-مالسىز قېلىپ ئۆيىدە بالىلىرىغا قاراشقا مەجبۇر بولغان، ئاز سانلىق مىللەت دېھقان-چارۋىچىلىرىنىڭ ئەھۋالى ئاساسەن يۇقىرىقىغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئاز سانلىق مىللەتلەر نوپۇسىنىڭ بەك تېز كۆپىيىشى، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتىرىشتە بىر توسالغۇ بولۇپ قالدى. بەزى ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرى ئاپتونوم رايونىدىن ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭمۇ پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇشى ھەققىدە بەلگىلىمە چىقىرىلىشتىن ئىلگىرى ئۆزلىكىدىن پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويغان. شۇڭلاشقا، مۇندىن كېيىن بۇ جەھەتتىكى تەشۋىقىي تەربىيە كۈچەيتىلسە، شۇنداقلا ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كونكرېت بەلگىلىمە تۈزۈپ چىقىلسا ھەم زۆرۈر تەد-بىرلەر قوللىنىلسا، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىكى پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى ناھايىتى تېز قانات يېيىپ كېتىدۇ.

## (3)

پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش، دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي ھەل قىلغۇچ تەدبىرى. ئۇنىڭ مۇھىملىقى خۇددى جاۋ زىياڭ زۇڭلى 5 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 4 - قېتىملىق

يېغىندا: «يا نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى ئۈنۈملۈك تۈردە قاتتىق تىزگىنلىنىپ، پۈتۈن
خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى پەيدىن - پەي ئۆسۈپ، دۆلەت قۇرۇلۇشى يىلدىن - يىل
غا كېڭىيىپ بارىدۇ؛ يا بولمىسا تىزگىنلەش قاتتىق بولماي، تەدبىر كۈچلۈك بولماي،
نوپۇسنىڭ داۋاملىق تۈردە كۆپىيىپ ئېشىشىغا يول قويۇلىدۇ - دە، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى
ياخشىلاشمۇ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، مەدەنىيەت ۋە دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشىنى ياخشى
ئېلىپ بېرىشمۇ مۇمكىن بولماي قالىدۇ. ئىككىسىنىڭ بىرى» دەپ ئوتتۇرىغا قويغىنىدەك
بولۇپ، مەملىكەت مىقياسىدىن ئېيتقاندا، بۇ مەسىلىگە بولغان كۆز قاراش بارغان
سېرى بىردەكلىككە ئىگە بولماقتا. لېكىن شىنجاڭدا بۇ يەنىلا مۇزاكىرە قىلىش، تەش
ۋىق قىلىش ئارقىلىق تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە تېگىشلىك يېڭى مەسىلە
بولۇپ تۇرماقتا.

شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭ، بايلىقى مول، ئاھالىسىنىڭ زىچلىقى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ
ئون ئىككىدىن بىرىگە يەتمەيدۇ، بۇ پاكىت. لېكىن. شىنجاڭدىكى 1 مىليون 660
مىڭ كۋادرات كىلومېتىر يەر مەيدانىدىن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئېچىپ پايدىلىنىش
بولمايدىغان چۆللۈك تەخمىنەن 60% نى ئىگىلەيدۇ. قالغان ئادەمزات ياشاش
مۇۋاپىق كېلىدىغان رايونلارنىڭمۇ كۆپ قىسمىنى تېخى ئېچىلمىغان، شۇڭلاشقا بۇلار
ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئەمەس، شۇنداقلا تۇرمۇشقا ماددىي ئەشيالارنىمۇ دەرھال يې
كۈزۈپ بېرەلمەيدۇ. شىنجاڭدا ھازىر 48 مىليون مو تېرىلغۇ يەر بولۇپ، كىشى بې
غا 3.6 مودىن توغرا كېلىدۇ، تەكشۈرۈشلەرگە ئاساسلانغاندا، شىنجاڭدا يەنە ئېچى
قا بولىدىغان 150 مىليون مو بوز يەر بولۇپ، بۇ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى بوز يە
نىڭ 28% نى ئىگىلەيدىكەن. كەلگۈسىدە بۇ يەرلەر ئېچىلغاندا، بۇنىڭدىن شەھەر، يېز
كەنت، يول، ئورمان بەلۋېغى، ئۆستەڭ قاتارلىقلار ئۈچۈن كېتىدىغان يەرلەرنى چىق
رىۋەتكەندە، ھەقىقىي تېرىلغۇ قىلىشقا يارايدىغىنى پەقەت 100 مىليون مو ئۆپچۆرىس
قالىدۇ. ھەممىمىزگە مەلۇم، بوز يەرلەرنى ئېچىشتا، ئاۋال ياخشى، مەبلەغ ئاز كېتىد
غان، قاتناش قولايلىق يەرلەر ئېچىلىپ تۈگىگەندە، ئاندىن ناچارراق، مەبل
كۆپ كېتىدىغان، قاتناش قولايسىز يەرلەر ئېچىلىدۇ. شۇڭلاشقا ھۇلدىن كېيىن بوز ي
ئېچىش بارغانسېرى قىيىنلىشىدۇ، بىرلىك كۆلەمگە سەرپ قىلىنىدىغان مەبلەغ بار
غانسېرى كۆپىيىدۇ. مۇندىن كېيىنكى بىر مەزگىل ئىچىدە ئاھالە يىلدىن - يىل
كۆپىيىدۇ، 21 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يەنى كەڭ كۆلەمدە بوز يەر ئېچىش مەزگىل
كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تېرىلغۇ يەر ھازىرقى 3.6 مودىن ئاشامدۇ - ئاشمامدۇ، ب
تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. لېكىن يېقىنقى يىللار ئىچىدە، كىشى بېشىغا توغرا ك
دىغان تېرىلغۇ يەرنىڭ يەنىمۇ ئازىيىدىغانلىقىدا گەپ يوق.

1949 - يىلى شىنجاڭنىڭ نوپۇسى ئاران 4 مىليون 330 مىڭ بولۇپ، پۈتۈن مەم
لىكەت ئاھالىسىنىڭ % 1 گىمۇ يەتمەيتتى؛ بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ
نوپۇسى 4 مىليون 40 مىڭ ئىدى، شۇڭا بەزى يولداشلار، ئاز سانلىق مىللەتلەر پىلان
لىق تۇغۇتنى يولغا قويمىسا مىللەتلەرنىڭ گۈللىنىشىگە پايدىلىق دەپ قارىغان. بۇ
قالاق، بىر تەرەپلىمە كۆز قاراش. ئەگەر يېرى كەڭ ئادىمى شالاڭ، ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيەسى
ناھايىتى تۆۋەن بولغان قەدىمقى دەۋردە، ئادەمنىڭ كۆپ بولۇشى بىلەن ئاشلىقمۇ، ئەم
گەكمۇ كۆپ بولغان، شۇڭا نوپۇسنىڭ كۆپ بولۇشى بىر مىللەت بىر دۆلەتنىڭ گۈللەن
گەنلىكىنىڭ مۇھىم بىر ئالامىتى بولىدۇ، دېيىلسە، ئۇ چاغدا پەن - تېخنىكا ۋە
ئىجتىمائى ئىشلەپچىقىرىش يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققى قىلغان بۈگۈنكى كۈندە، بىر
دۆلەت، بىر مىللەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئادەم قانچە كۆپ بولسا شۇنچە ياخشى بولۇش
ئەمەس، مۇۋاپىق ساندىكى ئالىي سۈپەتلىك ئاھالىسى بولسىلا كۇپايە. نوپۇسنىڭ پىلان
سىز، كۆپلەپ ئېشىپ بېرىشى، ئىشقا ئورۇنلىشىش، تۇرمۇشنى ياخشىلاش ۋە قۇرۇلۇش
مەبلىغىنى جۇغلاش ئىشلىرىغا قىيىنچىلىقلا تۇغدۇرىدۇ - خالاس. شۇنىڭ ئۈچۈن ئېيت
مىزكى، پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتى
ياجى بولۇپلا قالماي، مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭمۇ ئېھتىياجىدۇر. ھازىر ھەممىلا جايدا
ئەمگەك كۈچلىرى ئېشىپ قېلىش، ئىشقا ئورۇنلىشىش قىيىن بولۇش ئەھۋاللىرى ئومۇمى
يۈزلۈك كۆرۈلۈۋاتىدۇ. ئەگەر پىلانلىق تۇغۇت يولغا قويۇلماي كېتىۋەرسە، تېخىمۇ
ئېغىر ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى شىنجاڭنىڭ نوپۇ
سى نوپۇسىنىڭ % 60 دىكە يېقىنراق سالمىقىنى ئىگەللەۋاتقان ئەھۋالدا، ئاز سانلىق
مىللەتلەر ئەگەر پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويمىسا، شىنجاڭدا پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا
قويۇپ، نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىنى كونترول قىلىش ۋەزىپىسىنىڭ ئورۇنلىنىشىغا كاپالەت
لىك قىلغىلى بولمايدۇ - دە، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ نوپۇس ئىستراتېگىيىسىنىڭ ئەمەل
ئېشىشىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ.

شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت خەلقى ئىچىدە، كۆپ قىسمى ئىسلام دىنىغا ئې
تىقات قىلىدۇ. بەزى يولداشلار: پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش ئىسلام دىنىغا ئېتى
قات قىلىدىغان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تارىخىي ئادەتلىرىگە خىلاپ كېلىدۇ، شۇ
نىڭ ئۈچۈن مۇشۇنداق ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدە پىلانلىق تۇغۇتنى تەشەببۇ
قىلمىسىمۇ بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇنداق قاراش توغرا ئەمەس. ئىسلام دىنىنىڭ كىتا
لىرىدا مۇنداق بەلگىلىمىلەر يوق، ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان مىللەتلەر
قەدىمدىن تارتىپ پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويغان ئەمەس. ئادەتنى ئۆزگەرتك
لى بولىدۇ. ھازىر دۇنيادا ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان مىللەتلەر ناھايىتى كۆ

لېكىن پەقەت سەئۇدى ئەرەبىستانلا، كۇۋەيتقا ئوخشاش ئىقتىسادى تەرەققىي قىلغان، نوپۇسى ئاز، ئەمگەك كۈچى يېتىشمەيدىغان دۆلەتلەرلا پىلانلىق تۇغۇتنى تەشەببۇس قىلمىدى. باشقا نۇرغۇنلىغان ئىسلام ئەللىرىدە پىلانلىق تۇغۇت تەشەببۇس قىلىنىۋا-تىدۇ، بەزىلىرى بۇ جەھەتتە مەلۇم دەرىجىدە ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. دېمەك، پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش بىلەن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىش ئۆز ئارا قىلچە مۇناسى-ۋىتى يوق مەسىلىلەر بولۇپ، ھەر ئىككىسى ئوخشاش مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ.

نوپۇسنىڭ كۆپىيىش سۈرئىتىنى كونترول قىلىش شىنجاڭ ئىگىلىكىنى مۇشۇ ئەس-ىرنىڭ ئاخىرىغىچە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە تەرەققىيات سەۋىيىسىگە يەتكۈزۈش-تە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

ئېنىقلىمىزدىكى 5 ئاپتونوم رايون ئىچىدە، ئەگەر شىنجاڭنىڭ ئىگىلىكى مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا بىرىنچى بولۇپ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە تەرەققىيات سەۋى-يىسىگە يەتكۈزۈلسە، ئۇنىڭ شىنجاڭنىڭ 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىپ، 21 - ئەسىردە شىنجاڭنى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ مۇھىم بازىسى قىلىپ قۇ-رۇپ چىقىشتىكى ئەھمىيىتى ناھايىتى زور بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۇ مەملىكەت بويىچە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئەمەلىيەتتىكى تەڭسىزلىكلەرنى تۈ-گىتىشتىمۇ ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مۇشۇ نىشانغا يېتىش ئۈچۈن، شىنجاڭنىڭ نوپۇسنىڭ ئېشىش سۈرئىتىنى كونترول قىلىش كېرەك.

ھازىرقى ئەھۋالدىن تەھلىل قىلغاندا، 2000 - يىلغا بارغاندا، شىنجاڭدا سانائەت، يېزا ئىگىلىكى مەھسۇلاتىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان قىممىتى تۆۋەندىكى 3 خىل ئېھتىماللىقتىن باشقىچە بولماسلىقى مۇمكىن:

1. سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى پۈتۈن مەملىكەتنىڭكى بىلەن تەكشى قەدەمدە ئېشىپ ئىككى قاتلىنىدۇ؛ لېكىن نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى پۈتۈن مەملى-كەتنىڭكىدىن تېز بولۇشى تۈپەيلىدىن، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مەھسۇلات قىممىتى جەھەتتە پۈتۈن مەملىكەتنىڭكى بىلەن بولغان پەرق تېخىمۇ چوڭىيىدۇ.

2. سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى پۈتۈن مەملىكەتنىڭكىدىن تېز بولىدۇ. لېكىن نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى بەك تېز بولۇشى سەۋەبلىك، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مەھسۇلات قىممىتى جەھەتتە، پۈتۈن مەملىكەتنىڭكى بىلەن بولغان پەرق يەنىلا ھازىرقى سەۋىيىدە بولىدۇ.

3. سانائەت، يېزا ئىگىلىكى مەھسۇلاتى قىممىتىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى مەملىكەت-نىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن تېز بولىدۇ. نوپۇسنىڭ ئېشىش سۈرئىتىمۇ مۇۋاپىق

كونترول قىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ساناتەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمى مەھسۇلات قىممىتى مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىگە يېتىدۇ ياكى يېقىنلىشىدۇ.

مەركەزنىڭ ھەل قىلغۇچ تەدبىرى، شىنجاڭنىڭ شارائىتى ۋە ئىگىلىكنىڭ ... يىلدىن بۇيانقى تەرەققىيات ئەھۋالى ( 1980 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە ساناتەت، يېزا ئىگىلىكى ئومۇمى مەھسۇلات قىممىتىنىڭ ئېشىشى 28% بولدى ) قاتارلىق جەھەتلەردىن تەھلىل قىلغاندا، شىنجاڭنىڭ ساناتەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە ئېشىش سۈرئىتىدىن تېز سۈرئەت بىلەن ئالغا قاراپ تەرەققى قىلىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ.

بىرىنچى خىل ئەھۋالنىڭ شەكىللىنىش ئېھتىمالى چوڭ ئەمەس. 2000 - يىلغا بارغاندا، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسىنى مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرا ھال سەۋىيىسىگە يەتكۈزۈش ياكى يەتكۈزەلمەسلىك، يەنى 3 - خىل ئېھتىمالنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ياكى چىقىرالماسلىق، ناھايىتى زور دەرىجىدە مۇئەييەن كېيىنكى نوپۇسنىڭ كۆپىيىش سۈرئىتىگە باغلىق. ئەگەر نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى كونترول قىلىنمىسا، 2 - خىل ئېھتىمالنىڭ كېلىپ چىقىشىدا گەپ يوق. بۇ نۇقتا بىزنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى دىققەت - ئېتىۋارىمىزنى قوزغىشى كېرەك. بۇنىڭغا ھەرگىز سۈكۈت قىلماسلىقىمىز لازىم.

يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان ئىجتىمائى ئىقتىسات ۋە مىللى ئالاھىدىلىك جەھەتتىكى ئەھۋاللار، شىنجاڭدا پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى يولغا قويۇشتا، ئەمىلىيەتكە بىرلەش... تۇرۇپ، ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرۈش لازىملىقىنى، بولۇپمۇ شىنجاڭنىڭ مىللى... ئالاھىدىلىكىنى تولۇق نەزەردە تۇتۇپ، ئەمەلىي ئەھۋالغا ئۇيغۇن بەلگىلىمە چىقىرىشنى... ئۇنۇملۇك كونكرېت تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقىشنىڭ لازىملىقىنى، دۆلىتىمىزنىڭ ھەل قىلغۇچ تەدبىرىنى ئىجرا قىلماسلىققا بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. 1983 - يىل... 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ... قېتىملىق دائىمى ھەيئەتلەر يىغىنى: « شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ جۇڭخۇا... خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نىكاھ قانۇنىنى ئىجرا قىلىش ھەققىدىكى تولۇقلىما بەلگىلىمى... سى » نىڭ 9 - ماددىسىدىكى « ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدە پىلانلىق تۇغۇت تەشە... بۇس قىلىنمايدۇ. پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش ھەركىمنىڭ ئۆز ئەركىدىكى ئىش... دېگەننى « ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىمۇ پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش، لېكىن... تەشۋىقى - تەربىيىنى كۈچەيتىپ، پائال شارائىت يارىتىپ، تەدرىجى يولغا قويۇ... كېرەك » دەپ ئۆزگەرتىش ھەققىدە قارار قوبۇل قىلدى. مۇشۇنداق قىلىش تاما... زۆرۈر.

## ( 4 )

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دايمىي كومىتېتىنىڭ بۇ بەلگىلىمىسى ، شىنجاڭنىڭ 4 لى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى جەريانىدىكى مۇھىم ھەل قىلغۇچ سىياسەت ئىكەن، ئومۇمى ھەل قىلغۇچ سىياسەتنىڭ بولىشىلا كۇپايە قىلمايدۇ. ھەل قىلغۇچ سىياسەتتىن كېيىن، ئەمەلىي ئەھۋالغا ئۇيغۇن كېلىدىغان كونكرېت تەدبىر تۈزۈلسە ئاندىن كۆزلىگەن مەخسەتكە يېتكىلى بولىدۇ

پىلانلىق تۇغۇتقا قويۇلىدىغان ئاساسىي تەلەپ: نوپۇس سانىنى مۇۋاپىق كونترول قىلىپ، نوپۇسنىڭ سۈپىتىنى تېرىشىپ يۇقۇرى كۆتۈرۈپ، 4 لى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ۋە خەلق تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت. مۇشۇ ئومۇمى تەلەپكە ئاساسەن؛ شىنجاڭنىڭ ئالاھىدىلىكىگە بىرلەشتۈرۈپ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى توغرىسىدا تۆۋەندىكى تەكلىپنى بېرىمەن:

« شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نىكاھ قانۇنىنى ئىجرا قىلىش ھەققىدىكى تولۇقلىما بەلگىلىمىسى » دە: « خەنزۇلار بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدە پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇشتا پەرقلەندۈرۈش كېرەك. خەنزۇلارغا تەلەپ چىڭراق، ئاز سانلىق مىللەتلەرگە مۇۋاپىق ھالدا كەڭرەك بولۇش لازىم » دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ بىر ئومۇمى تەلەپ، ئۇنداقتا، خەنزۇلارغا چىڭ بولۇپ قايسى دەرىجىدە چىڭ بولسا، ئاز سانلىق مىللەتلەرگە كەڭ بولۇپ قايسى دەرىجىدە كەڭ بولسا ئاندىن شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن بولىدۇ؟

شىنجاڭدىكى خەنزۇلارغا، باشقا ئۆلكە، شەھەرلەردىكىگە ئوخشاش سىياسەت قوللىنىش كېرەك. يەنى بىر جۈپ ئەر - خوتۇن بىرلا پەرزەنتلىك بولۇشنى تەشەببۇس قىلىپ، پەرزەنتى ئۆلۈپ كەتكەنگە ئوخشاش ئالاھىدە ئەھۋاللاردىن باشقا، 2 - تۇغۇتنى قاتتىق چەكلەش، 3 - تۇغۇتنى قەتئى توساش كېرەك. بۇ مەسىلىدە ئىختىلاپ ئانچە چوڭ ئەمەس، مەسىلە — قاتتىق ئىجرا قىلماسلىق، زۆرۈر بولغان كونكرېت تەدبىرلەرنىڭ كەمچىل بولۇشىدا، بولۇپمۇ يېزىلاردا تېخىمۇ شۇنداق بولىۋاتىدۇ.

ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدە پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش تەلىۋى خەنزۇلاردىن پەرقلىق بولغاندىن باشقا، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىمۇ ئۆز - ئارا پەرقلەندۈرۈش، " ھەممىنى بىر تاياقتا " ھەيدىمەسلىك كېرەك.

ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل، خۇيزۇ، قىرغىز قاتارلىق ئەزەلدىن شىنجاڭدا ياشاپ كەلۋاتقان، نوپۇسى كۆپرەك ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارىتا، بىر جۈپ ئەر - خوتۇن

ئىككىلا پەرزەنت كۆرۈشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئۈچىنچىسىنى قاتتىق چەكلىمىسە، ئەزەلدىن شىنجاڭدا ياشاپ كېلىۋاتقان، لېكىن نوپۇسى ناھايىتى ئاز مىللەتلەر ياكى نوپۇسى ئىنتايىن شالاڭ بولغان ئايرىم ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدا، چەكلەشنى يولغا قويمىسىمۇ بولىدۇ. لېكىن، يەنىلا پىلانلىق تۇغۇت ھەققىدە تەشۋىق قىلىپ، ئاياللارنىڭ بەك بالدۇر، بەك كېيىن، بەك زىچ پەرزەنت كۆرۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ سالامەتلىك سەۋىيىسىنى ۋە نوپۇسنىڭ سۈپىتىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈش لازىم.

1982 - يىلىدىكى نوپۇس تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، شىنجاڭدا جەمئىي 46 ئاز سانلىق مىللەت بار ئىكەن. ئازاتلىقتىن ئىلگىرىكى، ئەزەلدىن شىنجاڭدا ئولتۇراقلاشقان 12 مىللەتتىن باشقا، قالغان 34 مىللەت ئازاتلىقتىن كېيىن باشقا ئۆلكە، شەھەر، رايونلاردىن كۆچۈپ كىرگەن. بۇنداق ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارىتا شۇ مىللەتلەر ئاساسلىق توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردىكى ئوخشاش نوپۇس سىياسىتىنى قوللىنىش كېرەك. مەسىلەن، جۇاڭزۇلارغا گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرى بويىچە؛ زاڭزۇلارغىمۇ شىزاڭنىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرى بويىچە مۇئامىلە قىلىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندا، بىر تەرەپتىن شىنجاڭدىكى نوپۇسنىڭ كۆپىيىش سۈرئىتىنى چەكلەشكە پايدىلىق بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ نوپۇس سىياسىتىگە ماسلىشىپ، زىددىيەتلەرنى ئازايتىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى چىڭىتىشقا پايدىلىق بولىدۇ.

خەنزۇلار ئىچىدە پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش جەريانىدا، دۆلەت ۋە ئورۇنلار يالغۇز پەرزەنتلىك ئائىلىلەرگە مەلۇم دەرىجىدە ئېتىبار بەرگەچكە بۇنىڭ رولى ناھايىتى ياخشى بولدى. بۇنىڭدىن كېيىن پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويغان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئائىلىلىرىگىمۇ مۇۋاپىق ئېتىبار بېرىپ، رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك.

ھازىر پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش جەريانىدا، دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان يەنە بىر ئەھۋال — يېزىلاردا مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ كۆتۈرە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئىجرا قىلىنغاندىن كېيىن، جان سانى، ئەمگەك كۈچى كۆپ بولغانلارنىڭ كۆتۈرىگە ئالىدىغان مەسئۇلىيەت يېرى كۆپ بولدى؛ ئەمگەك كۈچى كۆپ، ئەمگەك كۈچى قاۋۇل بولغان دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ كىرىمىمۇ كۆپ بولدى. نەتىجىدە خېلى تۈزۈك دېھقانلاردا يەنىلا كۆپ پەرزەنتلىك بولغانىنىڭ، بولۇپمۇ كۆپ ئوغۇللۇق بولغانىنىڭ پايدىسى بار ئىكەن دەيدىغان كۆز قاراش شەكىللىنىپ، يېزىلاردا تۇغۇش نىسبىتى كۆپىيىش ئەھۋالى كېلىپ چىقتى. ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 1982 - يىلى شىنجاڭ بويىچە تەبىئىي كۆپەيگەن نوپۇس نىسبىتى 1980 - يىلىدىكىگە قارىغاندا 1.09% يۇقىرى

بولغان، لېكىن، يىراق كەلگۈسىنى كۆزلىگەندە، دېھقانلار كىرىمىنى ئاشۇرۇشنى، ئاھالىسىنى پەن - تېخنىكىغا ماھىرلاشتۇرۇشقا تايىنىدۇ، ئادەمنىڭ كۆپ بولۇشىغا تايانمايدۇ. بۇ قوۋل ھالدا ئادەم كۈچىنى ئاشۇرۇشنىڭ بېشىدا ئوينايدىغان رولى بارغانسېرى كىچىكلەپ، ئەكسىچە رول ئوينايدۇ. ھازىر تېرىلغۇ يەر قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ئائىلىلەرگە كۆتۈرە بېرىلگەندىن كېيىن، ئۇزۇنغىچە مۇقىم قىلىپ ئۆزگەرتمەسلىك زۆرۈر، مەلۇم بىر دېھقاننىڭ پەرزەنتىنىڭ كۆپىيىشىگە قاراپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى تەكشىلەپ بېرىشكە بولمايدۇ. پىرىنسىپ جەھەتتە، پىلانلىق تۇغۇتنى تەشەببۇس قىلىپ، كوللېكتىپ تەدبىرلەردە تۇغۇتقا رىغبەتلەندۈرۈشكە بولمايدۇ. ئۆتمۈشتىكى بوۋاق تۇغۇلۇشى بىلەن نەچچە يۈز جىڭلاپ ئاشلىق يېيەلىدىغانلىقىدەك ساۋاقلارنى ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەك. كۆتۈرە بېرىش تۈزۈمىنى تۈزگەندە، پىلانلىق تۇغۇت جەھەتتىكى مەزمۇننى كىرگۈزۈلۈشى لازىم.

ئاھالىنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇشنىڭ بىر مۇھىم مەزمۇنى، پىلانلىق تۇغۇتنى ئاددىي ھالدا نوپۇس سانىنى تىزگىنلەش دەپلا چۈشىنىش، بىر تەرەپلىمىلىك قاراشتۇر.

ئاھالىنىڭ سۈپىتى دېگىنىمىز، ئادەمنىڭ تەن - سالامەتلىكى، مەدەنىيەت، پەن-تېخنىكا سەۋىيىسى ۋە ئەخلاقى، روھىي قىياپىتى قاتارلىق 3 جەھەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، تارىخ ۋە ئىجتىمائىي ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتى قاتارلىق كۆپ تەرەپلىمە سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، شىنجاڭ ئاھالىسىنىڭ سۈپىتى يۇقىرى ئەمەس، 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تەلىۋىدىن تېخى ناھايىتى يىراق. شۇڭلاشقا شىنجاڭدا ئاھالىنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش تولىمۇ زۆرۈر بولۇپ، بۇنىڭغا تېخىمۇ كۆپ كۈچ سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

مەدەنىيەت، پەن - تېخنىكا سەۋىيىسىنى قانداق ئۆستۈرۈش ۋە ئىدىيىۋى تەربىيىنى قانداق كۈچەيتىش يەنى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا ئائىت مەزمۇنلار توغرىسىدا بۇ يەردە توختالمايمەن. ئادەملەرنىڭ تەن سالامەتلىكى جەھەتتىكى سۈپەت مەسىلىسىنى پىلانلىق تۇغۇتقا مۇناسىۋەتلىك جەھەتلەردىنلا شەرھلەپ ئۆتسەك بولار.

ھازىر، ئاز سانلىق مىللەت خەلقىدە بولۇپمۇ يېزىلاردىكى ئاز سانلىق مىللەت خەلقىدە، توي قىلىش يېشى ئومۇمىيۈزلۈك تۆۋەن بولىۋاتىدۇ. «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نىكاھ قانۇنى» دا، ئەر، ئاياللارنىڭ توي قىلىشتىكى ئەڭ تۆۋەن يېشى ئېرىم - ئايرىم ھالدا 20، 22 ياش بولۇشى كېرەك دەپ بەلگىلەنگەن. 1981 - يىلى مەملىكەت بويىچە، ئاياللارنىڭ تۇنجى توي قىلىش يېشى: خەنزۇلارنىڭ 22.9 ياش، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ 21.4 ياش بولغان. ئاپتونوم رايونىمىز شىنجاڭنىڭ تارىختىن

بۇيانقى ئادىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ توي قىلىشتىكى ئەڭ تۆۋەن يېشىنى ئەرلەر 20 ياش، ئاياللار 18 ياش دەپ بەلگىلىدى. بۇنىڭ مۇنداق بولۇشى ھازىرقى ئەھۋالدا زۆرۈر. لېكىن بۇ بەلگىلىمە تېخى تولۇق ئىجرا قىلىنمايۋاتىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ يېزىلىرىدا ئېلىپ بېرىلغان تىپىك تەكشۈرۈشلەرگە قارىغاندا، ئاياللارنىڭ تۇنجى توي قىلىش يېشى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 15 ياشتىن ئارتۇغراق ئىكەن. مۇنداق قىلىش قىزلارنىڭ ساغلام ئۆسۈشىگە پايدىسىز. ئاياللارنىڭ تۇغۇت يېشى 24 — 25 ياش بولسا، ياخشى بولاتتى، لېكىن شىنجاڭدا ئاز سانلىق مىللەت ئاياللىرىنىڭ تۇنجى تۇغۇت يېشى ئوتتۇرىچە 18 ياشتىن سەل ئاشىدۇ. 18 ياشلىق قىزلار تېخى ئۆسۈپ يېتىلمەي تۇرۇپلا، پەرزەنت كۆرسە، ئۇلارنىڭ سالامەتلىكىگە جەز مەن تەسىر يېتىدۇ؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ مەزگىلدە ئۇلارنىڭ ئۆزىمۇ بالا تۇرۇپ پەرزەنتلەرنى تەربىيىلەشتەك مۇھىم ۋەزىپىنى قانداقمۇ ئۆز ئۈستىگە ئالالايدۇ؟ يەنە ئاياللار 20 ياشتىن ئىلگىرى پەرزەنت كۆرسە، ئاي، كۈنى توشماي تۇغۇلىدىغانلار ئەيىپلىك تۇغۇلىدىغانلار كۆپ بولۇپ، قۇۋۋەتسىز تۇغۇلىدۇ. بۇ مەسىلە جىددىي ھالدا دىققەتنى قوزغىشى لازىم. دەسلەپكى پەرەز، 1990 - يىلدىن ئىلگىرى پۈتۈنلەي ئاپتونوم رايوننىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە، ئىجرا قىلىنسا، يەنى ئاز سانلىق مىللەتلەردىكى توي قىلىش يېشى ئەرلەرنىڭ 20 دىن، قىزلارنىڭ 18 دىن تۆۋەن بولماسلىقى ئېنىق ئاشۇرۇلسا؛ 2000 - يىلدىن ئىلگىرى بۇ بەلگىلىمە بىكار قىلىنىپ، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نىكاھ قانۇنى» دىكى بىر تۇتاش بەلگىلىمە ئىجرا قىلىنسا، بۇ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جىسمانى جەھەتتىكى سۈپىتىنى ياخشىلاشتا چ. زمان ئوبدان رول ئوينايدۇ. كېچىكىپ توي قىلىش، كېچىكىپ پەرزەنت كۆرۈش نوپۇسنىڭ كۆپىيىش سۈرئىتىنى تىزگىنلەشتە مەلۇم رول ئوينايدۇ، ئەلۋەتتە.

شىنجاڭدا، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ يېزىلىرىدا، تۇغما كېسەل، گۆمۈش كېرەكسىز بالىلار كۆپرەك. بۇ، يېقىن تۇغقانلار ئارا توي قىلىش ۋە نەسلىگە تارتىش (ئىرسىيەت) بىلەن مۇناسىۋەتلىك. يېقىن تۇغقانلار ئارا نىكاھلاشقاندا، تۇغۇلغان بالىلار كۆپىنچە تۇغما ئەيىپلىك بولىدۇ، نەسلىگە تارتىش خاراكتېرلىك كېسەللى ئىچىدە «يوشۇرۇن خاراكتېرلىك نەسلىگە تارتىش» دېگەن بىر تۈرى بولۇپ، تەخمىنەن 1000 خىلدىن ئاشىدۇ. دائىم ئۇچرايدىغانلىرى، تۇغما گۆمۈشلىك، تۇتقاقلىق، ئا كېسەل قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. نەسلىگە تارتىش خاراكتېرلىك كېسەللەرنىڭ يېقىن تۇغقانلار نىكاھلىنىپ تۇغۇلغان بالىلاردا كۆرۈلۈشى باشقا بالىلارغا قارىغاندا 30 ھەسسە كۆپ بولىدۇ. ئەگەر ياتلار نىكاھلىنىپ تۇغۇلغان بالىلار ئىچىدە، ئېلىشىپ قېلى كېسەللىككە گىرىپتار بولغانلارنىڭ سانىنى بىر دېسەك، يېقىن تۇغقانلار نىكاھلاشقاندا

...نىڭ تۇغقانلىرىدا مۇشۇ خىل كېسەل بولسا، ئۇنداقتا بۇلاردا بۇ خىل كېسەلگە
...گىرىپتار بولىدىغانلار 12 بولىدۇ. ئەگەر ھەر ئىككىلا تەرەپنىڭ تۇغقانلىرىدا مۇشۇ
...خىل كېسەل بولسا، ئۇ چاغدا 39 ى مۇشۇ خىل كېسەلگە گىرىپتار بولىدۇ. چەتئەللەر-
...نىڭ ئىستاتىستىكىسى بويىچە بولغاندا تېخىمۇ يۇقىرى يەنى 1 : 28.8 : 57.8 ئىكەن.
...يېقىن تۇغقانلاردىن نىكاھلىنىپ تۇغۇلغان بالىلارنىڭ ناچارلىقى، ئەقىلسىز بولىدىغانلى-
...قى ھەققىدىكى مىساللار ناھايىتى كۆپ. بىر جۈپ ئەر - خوتۇن ئىككىسىلا داشۆي
...رىيىسىگە ئېرىشكەن، سالامەتلىكىمۇ ياخشى ئىكەن، لېكىن بۇلار نەۋرە قېرىنداش
...بولغانلىقتىن تۇغۇلغان بالىلارنىڭ ھەممىسى دۆت - گۆمۈش بوپقالغان. يېقىن تۇغقانلار
...ئارا نىكاھلىنىپ تۇغۇلغان بالىلارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتىمۇ بەك يۇقىرى بولىدۇ. شاڭخەينىڭ
...ئىستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، يېقىن تۇغقانلاردىن تۇغۇلغانلارنىڭ 20 ياشتىن بۇرۇن
...ئۆلۈپ كېتىش نىسبىتى 13.9% بولغان بولسا، باشقىلارنىڭ 1.7% بولغان.

ئېلىمىزنىڭ نىكاھ قانۇنىدا: «بىۋاسىتە قان - قېرىنداشلا ۋە ئۈچ ئەۋلادىچىدىكى
...رەم تۇغقانلار» نىڭ نىكاھلىنىشى مەنئى قىلىنىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ، سۈپەت-
...لىك تۇغۇت تەلىماتىنىڭ تەلىپىگە ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ.
...لاردىن كېيىن بۇ جەمئىيەتكى تەشۋىقنى كۈچەيتىپ، سۈپەتلىك تۇغۇش، ياخشى تەربىيە-
...لەشنى تەشەببۇس قىلىپ، يېقىن تۇغقانلار ئارا توپلىشىشنى، ئاساسەن ئارتىش خاراك-
...تېرلىك كېسەللىك بارلارنىڭ توپلىشىشىنى چەكلەپ ياكى ھېچبولمىغاندا ئۇلارنىڭ پەرزەنت-
...لىك بولۇشىنى چەكلەپ، كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ ساغلام، تېمەن، ئەقىللىق بولۇشى ۋە
...ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. يەنە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدە-
...نىيەت جەمئىيەتكى تەربىيىگە ماسلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى ئالىجاناپ ئەخلاقىي پەزىلەتكە
...ئىگە قىلىش كېرەك. بۇنداق قىلىش 4 لەشتۈرۈشكە پايدىلىق بولۇپلا قالماستىن، ھەر
...مىللەت خەلقىنىڭ ئەبەدىل - ئەبەت گۈللىنىشىگە مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش.

نوپۇسنىڭ كۆپىيىش سۈرئىتىنى مۇۋاپىق تىزگىنلەش بىلەن ئاھالىنىڭ سۈپىتىنى
...يۇقىرى كۆتىرىش ئۆز ئارا زىچ مۇناسىۋەتلىك. بۇ ئىككىسى بىر - بىرىنى ئۆز ئارا
...چەكلەيدۇ، ھەم ئۆز ئارا بىر - بىرىنى تولۇقلايدۇ. نوپۇس سانىنى مۇۋاپىق تىزگىن-
...لىگەندىلا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى تېزدىن يۇقىرى كۆتىرىلىدۇ،
...خەلقىنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش ۋە ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىش جەھەتلەردىكى ئىشلىتىلىدىغان
...مەبلەغنى تېزدىن ئاشۇرغىلى بولىدۇ، شۇ ئارقىلىق ئاھالىنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتىرىش-
...نىڭ شارائىت يارىتىقىلى بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، چەتئەللەرنىڭ تەجرىبىلىرىمۇ
...ئاھالىنىڭ سۈپىتى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى قانچە يۇقىرى بولسا، نوپۇس سانىنى

تىزگىنلەشكە شۇنچە پايدىلىق بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. سۈپەتلىك تۇغۇپ، ياخشى تەربىيىلەپ، بىرنى تۇغۇپ، بىرىنى ئەي قىلىپ، تەمەن چوڭ قىلغاندىلا، ئاندىن پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلىگىلى بولىدۇ؛ ئەگەر تۇغما دۆتلەر كۆپ بولسا، بۇۋاق بالىلارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى يۇقىرى بولسا، پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشقا تەس بولىدۇ. شۇڭلاشقا ئىككى خىل ئىشلەپچىقىرىشنى بىرلىكتە تۇتۇپلا قالماستىن، بەلكى ئاھالە ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئىككى تەرەپىنىمۇ بىرلىكتە تۇتۇش لازىم. نۆۋەتتە ئالدى بىلەن نوپۇس سانىنى چەك تۇتۇش كېرەك. لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا سۈپىتىنىمۇ ئوبدان تۇتۇش كېرەك. 4 لەشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتى ۋە نوپۇس نىڭ كۆپىيىش سۈرئىتىنى تىزگىنلەش خىزمىتىنىڭ ئىلگىرىلىشىگە ئەگىشىپ، سۈپەتلىك تۇغۇش، ياخشى تەربىيىلەش، ئاھالىنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، بارغانسېرى پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى بولۇپ قالىدۇ.